# زەھەرلىك ياۋا موگۇ

- خەتەرلىك ياۋا موگۇ ئادەتتە كۈزدىكى تۈنجى ياخشى يامغۇردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.
- ئۇلارنى ئوتلۇق، ئورمانلىق ، ئاممىۋى باغچا ، باللار ئويۇن مەيدانى، مەكتەپ مەيدانى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە ئۆيىڭىزگە يېقىنراق ئۆز بېغىڭىزدىكى چىملىق، چىرىتىۋاتقان ئوغۇت ياكى سامانلىق قاتارلىق نۇرغۇن جايلاردا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.
- سىرتقا چىققاندا باللىرىڭىز ۋە ئەرمەك ھايۋانلىرىڭىزغا يېقىندىن دىققەت قىلىڭ. چۈنكى، موگۇلار ئاسانلا كۆزگە چېلىقىدۇ، ھەم يېيىشكە قىزىقارلىق كۆرۈنىدۇ.
- چەتئەللەردە ياشىغان كىشىلەر شۇنى بىلىشى كېرەككى ، ئاۋىستىرالىيەدىكى زەھەرلىك موگۇ باشقا دۆلەتلەردە بايقالغان يېيىشلىك موگۇغا ئوخشايدۇ.
- ئۆلۈم قاپاق موگۇسى ئەڭ خەتەرلىك بولۇپ ، جىگەرنى ئەجەللىك زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. پىشۇرۇش ياكى پوستىنى ئىلىۋېتىش زەھەرنى چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ئۆلۈم قاپاق موگۇسى دۇب دەرىخى ، خاسىڭ ۋە كاشتان دەرىخى بىلەن ئۆسىدۇ ، ئەمما ئەجەللىك موگۇ ھەر قانداق جايدا ئۆسەلەيدۇ. يېيىشكە بولىدىغان بىردىنبىر ئىشەنچلىك موگۇ يېشىل يېمەكلىك دۇكىنىدىن ياكى تاللا بازىرىدىن سېتىۋالغان موگۇ بولىدۇ.
- ئەگەر بىرەيلەن ئېھتىياتسىزلىقتىن ياۋا موگۇ يەۋالسا، كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ كۆرۈلىشىنى ساقلىماڭ. **دەرھال زەھەر ئۇچۇر مەركىزىگە 131126 تېلېفون قىلىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە ئىش كۆرۈڭ**

ياۋا موگۇ يېگەندىن كېيىن كېسەل بولۇپ قالغانلار جىددىي داۋالىنىشى كېرەك.

**جىددى ئەھۋال ئاستىدا ، ھەمىشە ئۈچ نۆل (000) گە تېلېفون قىلىڭ.**


## ياۋا موگۇدىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالامەتلىرى:

- **ئاشقازان قاتتىق ئاغرىش**
- **قورساق ئاغرىش**
- **قۇسۇش**
- **كۆڭلى ئاينىش**
- **ئىچ سۈرۈش**

**كېسەللىك ئالامەتلىرى ئادەتتە موگۇ يېگەندىن كېيىن 3-6 سائەتتىن كېيىن باشلىنىدۇ ، 3 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ.**

**ئەڭ خەتەرلىك موگۇلار كېسەللىك ئالامەتلىرىنى كېچىكتۈرۈپ ئاشكارىلىيالايدۇ. بەزىلىرى يېگەندىن كېيىنكى 24 سائەتتە ئاندىن كۆرىلىدۇ.**

**www.sahealth.sa.gov.au/mushroompoisoning**



Government of South Australia
SA Health

FIS: 22058